# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 7 ـ ئاي
7
سەيشەنبە
维吾尔文 7 月7日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25115 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ پاپۇئا يېڭى گۋىنېيەسى بۇتۇكا مەكتىپىگە جاۋاب خەت قايتۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ پاپۇئا يېڭى گۋىنېيەسى بۇتۇكا مەكتىپىگە جاۋاب خەت قايتۇردى. شى جىنپىڭ خېتىدە 2018 ـ يىلى پاپۇئا يېڭى گۋىنېيەسىدە زىيارەتتە بولغاندا بۇتۇكا مەكتىپىنىڭ ئىشلىتىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقاندىكى ئەھۋاللارنى خۇشاللىق بىلەن ئەسلەپ، مەكتەپنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش نەتىجىسىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، مەكتەپنىڭ يېقىندا يېڭى تېپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىدىن خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈردى، جۇڭگو تەرەپنىڭ داۋاملىق مەكتەپنىڭ تەرەققىياتىنى زۆرۈر مەدەت ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ جۇڭگو — ئەرەب دۆلەتلىرى ھەمكارلىق مۇنبىرى 9 ـ نۆۋەتلىك مىنىستىر دەرىجىلىكلەر يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو — ئەرەب دۆلەتلىرى ھەمكارلىق مۇنبىرى 9 ـ نۆۋەتلىك مىنىستىر دەرىجىلىكلەر يىغىنى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سىنلىق ئۇلىنىش شەكلىدە ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 2018 ـ يىلى، مەن جۇڭگو — ئەرەب دۆلەتلىرى ھەمكارلىق مۇنبىرى 8 ـ نۆۋەتلىك مىنىستىر دەرىجىلىكلەر يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا جۇڭگو — ئەرەب دۆلەتلىرى ئىككى تەرەپنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقىنى جاكارلاپ، جۇڭگو — ئەرەب دۆلەتلىرى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا بىرلىكتە تۆھپە قوشۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ قىزغىن ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشكەنىدىم. ئىككى يىلدىن بۇيان، جۇڭگو — ئەرەب دۆلەتلىرى ئىككى تەرەپ ئىستراتېگىيەلىك ماسلىشىش ۋە ھەرىكەتنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلاشقان، ئورتاق تەرەققىي قىلغان، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن جۇڭگو — ئەرەب دۆلەتلىرى ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

جۇڭتەي گۇرۇھى تېپنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ

## رىقابەت قوغلىشىپ چەت ئەل بازىرىدا يېڭى بوشلۇق ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، تاجىكىستاننىڭ جەنۇبىدىكى خاتلون ئوبلاستىنىڭ دانگارا شەھىرى ئەتراپىدىكى ئېتىزلىقتا، بىر پارچە كۆز يەتكۈسىز كېۋەزلىك ئۈزۈققىچە يېپىلىپ تۇراتتى، ھەربىر تۈپ كېۋەز قۇياش نۇرى ئاستىدا ساغلام ئۆسمەكتە ئىدى.

بۇ چوڭ بىر پارچە كېۋەزلىك شىنجاڭ جۇڭتەي (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تاجىكىستاننىڭ خاتلون ئوبلاستىدا قۇرغان جۇڭتەي يېڭى يىپەك يولى تاجىكىستان يېزا ئىگىلىك ـ توقۇمىچىلىق كەسىپلەر باغچىسى تۈرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇ يىل ئەتىيازدا، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭتەي گۇرۇھى 32 نەپەر جۇڭگو تەرەپ يېزا ئىگىلىك تېخنىك خادىمىنى ۋاقتىدا تاجىكىستانغا بېرىشقا تەشكىللەپ، 100 مىڭ مودىن ئارتۇق كېۋەزنى بالدۇر تېرىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلدى، بۇنىڭ بىلەن بۇگۈنكى كۈندىكى كېۋەزلىكتە ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

تاجىكىستاننىڭ دانگارا ئويمانلىقى ياخشى بولغان يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق شارائىتى بىلەن دۇنيادىكى ئەلا سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان مۇھىم رايونغا ئايلانغان. ھالبۇكى، توقۇمىچىلىق سانائىتى ئۇسكۈنىلىرى كونا، ھۈنەر ـ سەنئىتى قالاق بولغاچقا، شۇ جاينىڭ كېۋەز تېرىش ئەۋزەللىكى جارى قىلدۇرۇلمىغان. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىغا ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن، 2014 ـ يىلى جۇڭتەي گۇرۇھى يېڭى يىپەك يولى يېزا ئىگىلىك مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتىنى قۇردى ھەم تاجىكىستان تەرەپنىڭ ئالاقىدار كارخانىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

## خۇگگۇاڭ كەنتىدە ئادەملەر ئىناق، مەنزىرە گۈزەل

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن، ئىختىيارىي مۇخبىر جاڭ جيەنجۈن

7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، مۇخبىرلار مەكىت ناھىيەسىنىڭ قۇرما يېزىسى خۇگگۇاڭ كەنتىگە بارغاندا، يېپيېڭى ئەمىن ئۆيلەر، ئالدىراشلىقتا تولغان كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتلىرى، گۈللەنگەن باقمىچىلىق مەيدانلىرى بىلەن ئىناق، گۈزەل كەنت كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. توققۇز مىللەتتىن تەركىپ تاپقان كەنت ئاھالىلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بۇ كەنتتە ھەر مىللەت ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈيىنى ئورتاق ياڭراتتى.

**كەنت ئاھالىلىرى خۇددى ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللاردەك بولۇپ كەتتى**

تۈن پەردىسى يېيىلىشى بىلەن، خۇگگۇاڭ كەنتىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەت مەيدانى قىزىپ كەتتى، كەنت ئاھالىلىرى شادىيانە كۈيلەرگە جور بولۇپ گاھىدا ياڭگىر ئۇيۇنسا، گاھىدا مىللىيچە ئۇسسۇل ئوينىدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

ئالتاي ۋىلايىتىدە 44 مىڭ 800 تۇياق تۆگە بېقىلدى

## «قوملۇق كېمىسى» چارۋىچىلار ئائىلىسىنى بېيىتتى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز گې يۈۋجۈن، جاۋ چۈنخۇا، ۋاڭ جېن، جاڭ ئاۋ، لۈي يىخەن

6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، قۇربانتوڭغۇت قۇملۇقىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىدىكى بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىنىڭ قاراماغاي بازىرى دېگى كەنتىدە چارۋىچى مانات نۇردانبېك ئۆزىنىڭ سۈت تۆگىلىرىگە بوغۇز بېرىۋاتاتتى؛ دەل مۇشۇ پەيتتە، بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرىدىكى شىنجاڭ ۋاڭيۈەن بىيو پەن ـ تېخنىكا گۇرۇھىنىڭ باش ئىشتابىدا، گۇرۇھنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى شۇ چۈەنئەن ئىچكىرى رايونلاردىن كەلگەن بىر تۈركۈم سودىگەرلەرنى كۈتۈۋالماقتا ئىدى.

«ئوخشاشلا تۆگە بېقىش بولسىمۇ، ئىلگىرى تۆگە بېقىش بىز چارۋىچىلارنىڭ



6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، جېمنەي ناھىيەسىدىكى ۋەنتويۈەن باغچىسىدا، چارۋىچى مىرامبېك ئايتېكە (سولدا) تۆگە سۈتى سېتىشقا تەييارلىق قىلماقتا. ☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

تۆت پەسىلدە ئوتلاق كۆچۈشتىكى قاتناش قورالىنى ھەل قىلىشىمىز ئۈچۈن ئىدى، ھازىر ئۇ بىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىمىزدىكى ‹پۇل ئېلىش ماشىنىسى› بولۇپ قالدى، بىز تۆگە ھەيدەپ ھاللىق جەمئىيەتكە ئاتلىنىمىز!» دېدى مانات. سىياسەت مەدىتى ۋە باشلامچى كارخانىلارنىڭ تۈرتكىسىدە، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ تۆگىچىلىك كەسپى ئۈچقاندەك راۋاجلىنىپ، ئىلگىرىكى قاتناش قورالى بولغان «قوملۇق كېمىسى»نىڭ قىممىتى تېز ئۆرلەپ، چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىدىكى «بېيىش كېمىسى»گە ئايلاندى.

**«ئۈچ نۆل ئەندىزىسى» ئارقىلىق دەل جايىدا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش**

مانات دېيى كەنتىدىكى نامرات ئائىلە ئىدى. «بېيىشنى ئويلىغان بولساقمۇ چىقىش يولىمىز يوق ئىدى، بۇ، مەن ۋە كەنتتىكى ناھايىتى كۆپ نامرات ئائىلە ئىلگىرى دۇچ كەلگەن مەسىلە ئىدى» دېدى مانات.

2007 ـ يىلى، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت شىنجاڭ ۋاڭيۈەن بىيو پەن ـ تېخنىكا گۇرۇھىنى كىرگۈزۈپ، تۆگە يورۇشلۇق مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق، شۇ جايدىكى نامرات چارۋىچىلارنى تۆگە بېقىشقا يېتەكلىدى.

باشلامچىلارنىڭ تۈرتكە بولۇشى بىلەن، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى چارۋىچىلارنىڭ تۆگە بېقىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، بىراق نامرات چارۋىچىلارنىڭ تۆگە سېتىۋالىدىغان پۇلى قەيەردىن كېلىدۇ؟

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

سكانىرلاپ سىنى كۆرۈڭ

شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرى نان مەدەنىيىتى كەسىپلەر باغچىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

## نانچىلىق كەسپىنى ۋەكىل قىلغان ئاساسىي يېمەكلىك پىششىقلاش كەسپىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرى نان مەدەنىيىتى كەسىپلەر باغچىسىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ئالاقىدار تارماقلار ۋە كارخانىلارنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەكىتلىدى: قەتئىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىلدى

## مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)


新疆日报 | 天山网 www.ts.cn | 石榴云
新 疆 报 业 传 媒 集 团




شىنجاڭدىكى 3 ـ قوملۇق تاشيولىدىكى تارىم دەرياسى ئالاھىدە چوڭ كۆۋرۈكى قۇراشتۇرۇلۇشقا باشلىدى

7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، قۇرۇلۇش خادىملىرى كۆۋرۈك قۇراشتۇرۇش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارماقتا. شۇ كۈنى، لوپنۇر ـ چەرچەن قوملۇق تاشيولىدىكى تارىم دەرياسى ئالاھىدە چوڭ كۆۋرۈكى قۇراشتۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1290 مېتىر بولۇپ، مۆلچەرلىنىشچە، 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى قۇراشتۇرۇلۇپ بولۇنىدىكەن. لوپنۇر ـ چەرچەن قوملۇق تاشيولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 333 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قوملۇق يول بۆلىكى 304 كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭدىكى 3 ـ قوملۇق تاشيولى ھېسابلىنىدۇ. ☐ چېن جيەنفېي فوتوسى

## ئاپتونوم رايونىمىز قاتناش كۆچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشى بويىچە نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ** ـ نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا، قاتناش ـ ترانسپورت مىنىستىرلىقى تەستىقىي جاۋاب بېرىپ شىنجاڭنىڭ قاتناش كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشى بويىچە نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا قوشۇلغان، نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان مەزمۇن قاتناش ـ ترانسپورتنى يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىش، رايون ھالقىغان ئۇنىۋېرسال ترانسپورت چوڭ يولى قۇرۇلۇشى، ئۇنىۋېرسال قاتناش تۈگۈنىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ راۋاجلاندۇرۇش، قاتناش ۋە ساياھەت قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

## ئاپتونوم رايونىمىز بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەۋزەل رايوندىن 42نى ئورۇنلاشتۇرىدۇ

ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ جايلىشىش شەكلىنى يېتىشتۈرۈش ②

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىۋ يى** خەۋەر قىلىدۇ: «بۇ يىل مەن شىندۇڭ 60 ـ نومۇرلۇق بۇغداينى تېرىدىم، ئوتتۇرىچە مو بېشى ھوسۇلى 500 كىلوگرامدىن ئاشتى، ھەر مودىن كونا سورتقا قارىغاندا 87 كىلوگرام كۆپ ھوسۇل ئالدىم، مو بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمىم 230 نەچچە يۈەن كۆپەيدى.» 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، يېڭىشەھەر ناھىيەسى ياندۇما يېزىسى يۇقارقى يايلاق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇرۇسۇل ئىبراھىم مۇنداق دېدى: ھازىر سىياسەت ياخشى، ئۇرۇقچىلىق كارخانىلىرى يەنە پۈتۈن مۇساپىلىك تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇغدايدىن قىلىنىدىغان كىرىم يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى، ئىشەنچىمىز يىلدىن ـ يىلغا ئاشتى.

ئاپتونوم رايونىمىز قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق، چۆللۈك، بوستانلىق، سۇغىرىشقا تايىنىدىغان يېزا ئىگىلىك ئېكولوگىيە رايونى، ئېلاستىكلىقى كۈچلۈكتىن ئوتتۇراھال، ئاجىزغىچە بولغان تۈرلۈك ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي تېرىشقا ماس كېلىدىغان بولۇپ، دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش رايونى ھېسابلىنىدۇ. ساياھەتچىلىكنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، نان، لەغمەن قاتارلىق خاس يېمەكلىكلەر شىنجاڭنىڭ ئىچكى ـ سىرتىدىكى ئاممىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)